# مەن توسقان ئىشلاردىن تولۇق چەكلىنىڭلار، بۇيرىغان ئىشلارنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەر كۆپ سوئال سوراش، پەيغەمبەرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن ھالاك بولدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: مەن توسقان ئىشلاردىن تولۇق چەكلىنىڭلار، بۇيرىغان ئىشلارنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە قىلىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەر كۆپ سوئال سوراش، پەيغەمبەرلىرىگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن ھالاك بولدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ بىزنى بىرەر ئىشتىن چەكلىسە ئۇنىڭدىن تولۇق چەكلىنىشىمىز لازىملىقىنى، بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈردى. يەنە رەسۇلۇللاھ بىزنى بۇرۇنقىلاردەك كۆپ سوئال سوراشتىن پەيغەمبەرلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇ سەۋەبلىك تۈرلۈك ئازابلار بىلەن ھالاك قىلغان. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىگە قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4725

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee